# مۇسۇلمانلارغا قىممەتلىك

# نەسىھەت

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ئەلھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿نصائح للمسلمين﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# مۇسۇلمانلارغا قىممەتلىك نەسىھەت

2009-يىلى 12-ئاينىڭ 04-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللىغاندىن كىيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولغان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە "مۇسۇلمانلار ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھقا ھەقىقى تۈردە تەۋەككۈل قىلىشى لازىم" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! بارلىق ئىشلىرىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار. ئاللاھغا ھەقىقى تۈردە تەۋەككۈل قىلىڭلار. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغان كىشىگە ئاللاھ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ ۋە ئۆز رازىلىقى بىلەن جەننەتكە يەتكۈزىدۇ. ئىشلىرىڭلاردا شەرىئەت بىكىتكەن توغرا سەۋەپلەرنى قىلىڭلار. دۇرۇس بولغان تەجرىبە ساۋاقلار بويىۇنچە ئەمەل قىلىڭلار. بارلىق ئىشلىرىنى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن ئىلىپ بارغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدۇ. قۇرئان-ھەدىسنىڭ روھىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر دۇنيا-ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن بارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەقدىرنى بىكىتىۋەتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى بىكىتكەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ. [ئىمام تىرمىزى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ۋە خالىغان ئىشلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەھمىتى ھەممىگە ئورتاق بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ. مەخلۇقاتلار قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئەمما ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھاياتلىق دۇنياسىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دۇنيا قىلىشنى ئىراده قىلدى. كىشىلەر كائىناتتىكى ئىلاھى قانۇنىيەتنى كۆرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىنى مەلۇم مۇددەت ياشايدىغان قىلىپ ياراتتى.

ئاللاھ كائىناتتا ھاياتلىقنى-ئۆلۈمنى، ياقتۇرىدىغان-ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى، ياخشىلىقنى-يامانلىقنى، خۇرسەنلىك، غەم-قايغۇنى، ساقلىق ۋە كېسەللىكنى، تىنچلىق، بالا-مۇسىبەتنى، ئىتائەت-ئاسىيلىقنى، قىيىنچىلىق-ئاسانلىقنى، كامالەت-نۇقسانلىقنى بېكىتىشى، كىشىلەرنىڭ بۇ كاتتا كائىناتنى ياراتقان بارلىق كەمچىللىكتىن خالى بولغان، يەككە-يېگانە بىر ياراتقۇچىسى بار ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىشى، دۇنيا-ئاخىرەتتە بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى جانابى ئاللاھنىڭ كونتۇرۇللۇقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئىنسانىنىڭ بىلىشى ۋە ئىمان ئېيتىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشقا قادىردۇر ۋە كۈچى يېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىراده قىلسا،يالغۇز ئاللاھدىن باشقا ئۇنى دەپئى

قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر». [سۈرە يۇنۇس 107 ـ ئايەت].

ئاخىرەتتە ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ۋە نېمەتلەر جەننەتتە بولىدۇ. بارلىق يامانلىق ۋە تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر دوزاختا بولىدۇ. جەننەتكە كىرگەن كىشى بىئارام بولمايدۇ، دۇنيادا قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىلىرىگە پۇشايمان قىلمايدۇ، يەتكەن مۇسىبەتلەرگە ھەسرەتلەنمەيدۇ. دوزاخقا كىرگەن كىشىگە دۇنيادا توپلىغان بايلىقلىرىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ئالى نېمەت ئىچىدە ياشاپ، ئاخىرەتتە دوزاخقا چۈشكەن كىشىنى دوزاخنىڭ ئازابىغا بىر چۆمۈلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئى ئادەم بالىسى! دۇنيادا بىرەر ياخشىلىق كۆردۈڭمۇ؟بىرەر نېمەتتىن بەھرىمەن بولدۇڭمۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇ: ياق ئى رەببىم! مەن دۇنيادا ھېچقانداق بىر ياخشىلىق ۋە نېمەت كۆرمىدىم دەيدۇ. دۇنيادا قاتتىق قىيىنچىلىق تارتىپ جەننەتكە كىرگەن بىر كىشىنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە بىر چۆمۈلدۈرۈپ: ئى ئادەم بالىسى!دۇنيادا بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىدىڭمۇ؟ جاپا ـ مۇشەققەت تارتتىڭمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ياق ئى رەببىم! مەن دۇنيادا ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىدىم ۋە جاپا ـ مۇشەققەتمۇ تارتمىدىم دەيدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

دۇنيادا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە تەقدىر قىلىنغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىمان بىلەن ئىسلام بۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىشى، سەبرى

قىلغانلىق ۋە شۈكۈر ئېيتقانلىقىنىڭ بەدىلىگە كاتتا ساۋاپ ۋە بۈيۈك نېمەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا كېپىل بولىدۇ. سالمان رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنىنىڭ ئىشلىرىدىن ئەجەبلىنىمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىش مۆمىندىن باشقىغا مەنسۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك يەتسە ئاللاھغا شۈكرى ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر خاپىلىق يەتسە بۇنىڭغا سەبرى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر». [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

كېسەللىك بولسا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىنايدىغان بىر ئامىل بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى سەۋەب بىلەن ياكى سەۋەبسىزلا پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا خالىغان كىشىلەرگە مەلۇم سەۋەپ بىلەن ياكى سەۋەبسىزلا شىپالىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئەرشىنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە بۇرج 15-16-ئايەتلەر]. كىمكى بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاللاھنىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭغا سەبرى قىلىپ، ئاللاھ دۇرۇس قىلغان نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم.

مۇسۇلمان بارلىق ئىشلىرىدا سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا يېلىنىشى ۋە مەزكۇر ھاجەتنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى ئاللاھ قا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.» [سۈرە تالاق 3-ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

دۇئا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋە چۈشۈرۈلمىگەن ھەممە نەرسىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. دۇئا بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئەمەلىيەلىشى ۋە بارلىق يامانلىقتىن مۇداپىئە قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن». [ سۈرە غاپىر 60-ئايەت]. (دېمەك؛ ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى شەخس بىشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە قايغۇ ھەسرەتنىڭ، خوشاللىق ۋە خاتىرجەملىككە ئايلىنىشى ئۈچۈن سەۋەپ قىلىشى، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى قوللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەزكۇر ئىشنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى ئۈچۈن مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلغۇچى ئاللاھقا يېلىنىشى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ شەرئىي پرىنسىپلىرىنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرساھەسىدە ئەمەلىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىردەك ھەرىكەتلىنىش ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ جىددى تەقەززاسى.- مۇھەررىر-)

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلىسۇن.